# يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش

## ــ جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ «پەيتى» بىلەن «ۋەزىيىتى»گە نەزەر

دىققەتنى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يارقىن نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈرۈش

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
خې يۈشىن، لىيۇ ياڭياڭ

جۇڭگو ئىقتىسادىنى كۆزەتكەندە، جەزمەن «پەيت» بىلەن «ۋەزىيەت»نى كۆزىتىش كېرەك.

جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، «پۇرسەت» سۆزى يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە بولدى ــ ئىقتىساد قۇرۇلمىسنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېشىل تەرەققىياتنى تېزلىتىش، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاتنىشىش نۇرغۇن يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى قەتئىي بولۇپ، «پەيت» بىلەن «ۋەزىيەت»نىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەسلىكى جەريانىدا، پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، قىيىنچىلىق ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەي، يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇردى.

### ئەھۋالنى كۆزىتىپ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشتە يېڭى پۇرسەت ئىگىلەش

ئەگەر 2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينى كۆزنەك قىلىپ كۆزەتسەك، ھاياتىي كۈچكە تولغان جۇڭگونى ھېس قىلىش تەس ئەمەس:

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، نوپۇس تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى سىجىل زورايتىش خەۋىرى تارقالدى: شەھەر رايونىدىكى دائىملىق نوپۇسى 1 مىليوندىن 3 مىليونغىچە بولغان چوڭ شەھەرلەردە ئومۇميۈزلۈك ھالدا نوپۇس ئورنىتىش چەكلىمىسى بىكار قىلىندۇ؛

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، پەن ـ تېخنىكا مىنىسترلىقى بىلەن مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇ، پۇقراۋى كارخانىلارنى ئاچقۇچلۇق يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەللىكگە ھۇجۇم قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق توققۇز جەھەتتە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇنى قوللايدۇ؛

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدە، جۇڭگو بىر قاتار مۇھىم، زور ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خەلقئارا ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يولغا قويدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشقا ئاكتىپ كۈچ قوشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى باشلاندى، بۇ، دۇنيا جۇڭگونىڭ يېشىل تەرەققىياتنى تېزلىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىغان بىر مەيدان «يېشىللىقنىڭ ئۇچرىشىشى»؛

...

ھاياتىي كۈچكە تولغان جۇڭگو، شۇنداقلا پۇرسەتكە تولغان جۇڭگو.

دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە «چوڭقۇر تېپ ئۆزگەرتىۋاتىدۇ»، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن ئاھالىسى بار چوڭ بازار دۇنيا بىلەن «چوڭقۇر ھەمەتۇرتكە بولۇۋاتىدۇ»، جۇڭگو ئىقتىسادىدا ھەر كۈنى يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، بېسىم بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ گىرەلىشىشى جەريانىدا يېڭى پۇرسەتلەر مەيدانغا كەلمەكتە.

بۇ يىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن تەدبىرگە «پۇرسەت» نەزىرى بىلەن قاراش ــ

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىچى بازىرىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلار ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، دۇنياۋى يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسپلەر ئۆزگىرىشى چوڭ ۋەزىيىتىدە تېپ ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى؛

نۇرغۇن ئۆلكىنىڭ ئېكولوگىيەنى ئاسراش قىزىل سىزىقىنى چېكىتىشى، «دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سىناق رايونى(خەينەن)نى يولغا قويۇش لايىھەسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى قاتارلىقلار يېشىل تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى؛

ئاسىيا سېلىنما بانكىسىنىڭ ئەزاسىنىڭ 97گە كۆپىيىشى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاتنىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ كەڭلىك دەرىجىسى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بوشلۇق جەھەتتە يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى؛

...

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋەزىيەت ئۆزگەردى، پۇرسەت يەنىلا قولىمىزدا.

يېڭى پۇرسەت دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئەمەلىيىتە كۆرسىتىشتە.

جۇڭگو ئىقتىسادى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرغاندا، «يېڭى ئىدىيە» بىلەن «يېڭى پۇرسەت»نىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى بارغانسېرى روشەنلەشتى، دۇنيا تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ سوقۇۋاتقان تومۇرىنى ئىگىلىگەندىلا، دەۋر سوئالىغا جاۋاب بەرگىلى، كەلگۈسى يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

### تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىش داۋامىدا يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇش

ھەرقانداق ئىقتىسادشۇناس شۇنى ئىنكار قىلالمايدۇكى، جۇڭگو ئىقتىسادى بىر مەيدان قايتا يارىتىش ئېلىپ بارماقتا.

بۇنى 1 ـ پەسىللىك ئىستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتى ئارقىلىق دەلىللەشكە بولىدۇ ــ

مۇلازىمەت ئىستېمالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىستېمالدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 47.7% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.4 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى؛

يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىق سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.4% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بارلىق سېلىنمىدىن 5.1 پىرسەنت پوئىنت تېز بولدى؛ يۇقىرى تېخنىكىلىق مۇلازىمەت كەسپ سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 19.3% ئېشىپ، بارلىق سېلىنمىدىن 13 پىرسەنت پوئىنت تېز بولدى؛

يېڭىدىن گۈللەنگەن مۇلازىمەتنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.6% ئېشىپ، ئومۇمىي ئېشىش سۈرئىتىدىن 10 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى...

جۇڭگونىڭ ئىقتىساد خەرىتىسىدە، ئىستېمال قۇرۇلمىسى، سېلىنما قۇرۇلمىسى، ئېكسپورت قۇرۇلمىسىنىڭ ھەممىسى جىمجىت قايتا يارىتىلىۋاتىدۇ ــ

لياۋنىڭ، يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇۋاتقان بىر ئۆلكە. تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلارنى تۇتقا قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، 1 ـ پەسىلدە، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن يەنە 6%تىن يۇقىرى ئېشىش ھالىتىگە قايتىپ كەلدى، شۇ پەسىلدە ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ئېشىشى 17.3% بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 10.9 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

شۇجوۇ، يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇۋاتقان بىر شەھەر. ئىلگىرى بايلىق قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، بىرمەھەل تەرەققىياتتا ھالسىراپ قالغان. بۇگۈنكى كۈندە، ئىقتىسادنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش بارغانسېرى ئورتاق تونۇشقا ئايلىنىپ، ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يېڭىلىق يارىتىش سۈپەتلىك ساھەسىدىن 200دىن كۆپرەكنى قۇردى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت ھەم كۆلەمدىن يۇقىرى بولغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئاپپاراتى 700دىن ئاشتى.

رەقەملىك ئىقتىساد، يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇۋاتقان بىر ساھە. زور بىر تۈركۈم جۇڭگو كارخانىسى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ پايدىلىق پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ كېيىن تەرەققىي قىلىش ئەۋزەللىكى، تېخنىكا قوللىنىشتىكى ئالدىدا مېڭىش ئەۋزەللىكى ۋە چوڭ بازار ئەۋزەللىكىنى رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ.

جىگاڭ، پۇرسەتنى تۇتۇۋاتقان بىر كارخانا. پولات ـ تۆمۈر ئاساسىي كەسپىدىن ئومۇمىي گەۋدە بويىچە چېكىنىپ چىققان 10 مىليون توننا دەرىجىلىك پولات زاۋۇتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جىگاڭ «پولاتسىز»لىشىپ، ئۆزىنىڭ يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش، ئەشيا ئوبوروتى ھەرىكىتى، قۇرۇلۇش ئەخلىتىنى يىغىۋېلىپ قايتا پايدىلىنىش داۋامىدا يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتى.

پۇرسەت تەييارلىقى بارلارغا مەنسۇپ.

يېڭى پۇرسەت كۆپ يىلدىن بۇيان جۇڭگو ئىقتىسادى ئەمەلىي كۈچىنىڭ مۇجەسسەملىنىشىدىن، بازارنى زورايتىشنىڭ توپلىنىشىدىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پايدىسىنىڭ جۇغلىنىشىدىن كەلگەن.

بۇ يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى «مۇقىملىق» ۋە «ئىلگىرىلەش»نى ساقلاپ، يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇپ تەرەققىياتنى كۆزلەش ئۈچۈن «ئاساس»نى پۇختىلىدى؛ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېڭەيتىش، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇشنى پەسەيتىش قاتارلىق سىياسەتلەر يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى؛ ئاز بولمىغان جايلار، كارخانىلار پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا مەھكەم ئىگىلىدى.

4 ـ ئايدىن بۇيان، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى، باركلاي بانكىسى، مورگان داتوڭ قاتارلىق چەت ئەل ئاپپاراتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭگو ئىقتىسادىغا قارىتىلغان كۆزلىمە ۋە ئالدىن ھۆكۈمنى تەڭشەپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. يېتەرلىك ئېلاستىكلىق، غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ، ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىمۇ جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى ھەم ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى دەلىللىدى.

### قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەش داۋامىدا يېڭى پۇرسەت ئېچىش

جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پۇرستى دۇنيانىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە ماسلاشقان يېڭى پۇرسەت، شۇنداقلا دۇنيا بىلەن ھەمبەھرلىنىدىغان يېڭى پۇرسەت.

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ھىندونېزىيەدىكى تۇنجى يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز تونېلى ــ جاكارتا ـ باندۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى ۋاللىنى تونېلى ئوڭۇشلۇق تۇتاشتۇرۇلدى.

جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جاكارتا ـ باندۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول تۇرى جۇڭگو يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن سىستېما، پۈتۈن مۇھىم ئامىل، پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرى بويىچە دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىققان «تۇنجى زاكاز» بولۇش سۈپىتى بىلەن، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بەلگە تىكلىدى.

ھىندونېزىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر قاتناش لىنىيەسى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى چېتىلىدىغان رايونلارنى يېڭى تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى.

نۆۋەتتە، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مۇھىم مەزگىلى، جۇڭگو ۋەزىيەتكە قاراپ پىلان تۈزۈپ، ۋەزىيەتكە بېقىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

يېڭى پۇرسەتنى كۈتۈۋېلىپ ھەم يېڭى پۇرسەت يارىتىپ، ئۆزىگە يېڭى پۇرسەت ياراتتى، باشقىلارغىمۇ يېڭى پۇرسەت يارىتىپ بەردى، جۇڭگو ئىقتىسادى تۈرلۈك يېڭى پۇرسەتلەرنىڭ گىرەلىشىپ ھەمتۈرتكە بولۇشى داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ ئۇچقاندەك يۈكسىلىۋاتىدۇ.

پۇرسەت دەرۋازىسى ئىزچىل ئوچۇق تۇرمايدۇ، تەرەققىيات يولىمۇ تۈپتۈز بولمايدۇ.

تاشقى قىسىمدىن قارىغاندا، دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئېنىقسىزلىق يەنىلا بىرقەدەر كۆپ، بىر تەرەپلىمىچىلىك، سودا قوغدىغۇچىلىقى يەنىلا باش كۆتۈرمەكتە؛ ئىچكى قىسىمدىن قارىغاندا، جۇڭگو ئىقتىسادىدا قۇرۇلمىلىق زىددىيەت يەنىلا بىرقەدەر كۆپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى تۆۋەنلەش بېسىمىغا دۇچ كەلمەكتە، بولۇپمۇ ئەمەلىي ئىقتىساد يەنە تەنەرخ ئۆرلەش، پايدا ئېلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش قاتارلىق بەزى زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە.

ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرگە ئىگە، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تەخىرسىزلىككە ئىگە، يېشىل تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۇزاق مۇددەتلىككە ئىگە... تېز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان تاشقى ـ ئىچكى مۇھىتتا، يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇشنىڭ ئۆزى بىر مەيدان خىرىستۇر.

«مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەتنىڭ يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئىگىلەش ئاسماندىن گۆشنان چۈشىدىغان، سۇنىڭ ئېقىشىغا باقىدىغان پۇرسەت ئەمەس، بەلكى كېمىنى ئېقىنغا قارشى ھەيدەيدىغان، تاشنى دومىلىتىپ تاغقا ئېلىپ چىقىدىغان پۇرسەت.» مەركەز مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەن ۋېنشيۇ مۇنداق دېدى: خەۋپ ـ خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنى خاتىرجەملىككە ئۆزگەرتكەندىلا، ئۈزلۈكسىز يېڭى بوشلۇق ئاچقىلى بولىدۇ.

«تاينىشقا تېگىشلىكى ۋەزىيەتتۇر، چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىكى پەيتتۇر.»

تارىخىي پۇرسەت ئازراق قويۇۋەتسەكلا قولدىن كېتىدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ئىلگىرى تەرەققىيات پۇرستىنى قولدىن بېرىپ قويۇشتەك ئازاب ـ ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەن، شۇنداقلا پۇرسەتنى تۇتۇشتەك ئۇچقاندەك يۈكسىلىشنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن. يېڭى پۇرسەتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغاندا، جۇڭگونىڭ تەييارلىقى ئاللىبۇرۇن پۇتتى.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئىستىقبالى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە ــ غايەت زور ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ تەدبىرنى داۋاملىق يولغا قويۇش، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسپ ئۆزگىرىشى بىلەن ئورتاق تەۋرىنىش... جۇڭگو يېڭى پۇرسەتنى يېڭى تەرەققىياتقا ئايلاندۇرىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد بار ــ جۇڭگو خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك، جۇڭگو خەلقى تۈرلۈك قىيىنچىلىق، خىرىس ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئىقتىدارغا ئىگە، بىردەك ئىنتىپاقلىشىپ پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ يېڭى زېمىن ئاچسىلا، جۇڭگو ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

---

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

# «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش ـ باشقۇرۇش خىزمىتى نىزامى»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، «نىزام»نى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئاشۇرۇپ، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىشى كېرەك. «نىزام»نى تەشۋىق قىلىش ـ چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ـ تەربىيەلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنى «نىزام»نىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، «نىزام»نىڭ مەزمۇنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، «نىزام»دىكى بەلگىلىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان قىلىشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، «نىزام»نىڭ ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «نىزام»نى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى مۇھىم ئەھۋاللار ۋە تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى كېرەك.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش ـ باشقۇرۇش خىزمىتى نىزامى» جەمئىي 10 باب، 46 ماددا.

بۇ نىزامنى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى چۈشەندۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ نىزام 2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لېكىن، قاچاندىن باشلاندىكىن، مەھبۇبە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قانۇنسىز «تەبلىغ»كە قاتنىشىپ، ئۆزگىرىپ باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالىمايدىغان، يەنە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى قوللىنىشنى چەتكە قاقىدىغان بولۇپ قالدى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدا، ئۇنىڭ ئىش قىلىشقا رايى بارماي، پۈتۈن ئەس ـ يادى زاۋۇت سېتىۋالغان خام ئەشيا «مۇسۇلمانچە»مىدۇ، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ يېۋاتقىنى، كىيىۋاتقىنى، ئىشلىتىۋاتقىنى «مۇسۇلمانچە»مىدۇ، دېگەندىلا قالغاچقا، سودىسى بارغانسېرى ناچارلاشتى. كېيىن، بەزىلەر ئۇنىڭغا: «ئايال كىشى تاپقان پۇل دۇرۇس ئەمەس» دېدى، مەھبۇبە بىراقلا زاۋۇتنى تاقىۋەتتى.

شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ، ئابدۇرېشىت ئىختىيارسىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۇ سىرتقا چىقمايتتى، بىز بىلەن پاراڭلىشىشنىمۇ خالىمايتتى، ئۆينىڭ كەيپىياتى ناھايىتى بۇرۇقتۇرما بولۇپ، باللارنىڭ كۈلكىسىمۇ ئازلاپ كەتكەنىدى».

### ■ قايتىدىن ئىگىلىك تىكلەپ ئارزۇغا ئىنتىلىش

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان مەھبۇبە يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگەندى. ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەھبۇبە ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، بارا ـ بارا ئىسكەنجىدىن قۇتۇلدى.

«دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئايالالار سىرتقا چىقسا بولمايدۇ، ئىشلىسە بولمايدۇ، دېگەننى تەرغىب قىلىپ، خۇددى ئارغامچىدەك مېنى بوغۇپ، نەپەس ئالالماي قالغاندىم.» مەھبۇبە مۇنداق دېدى: «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، ئوقۇتقۇچىلار دائىم ماڭا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايالالار توغرىسىدىكى كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، مېنى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزى ماڭا كۈچ بەردى، مېنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن باتۇرلۇق بىلەن قۇتۇلۇپ، ئارزۇغا ئىنتىلىش جۈرئىتىگە ئىگە قىلدى».

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئەتراپلىق ئويلىنىش ئارقىلىق، مەھبۇبە قولاي دۇكان ئېچىشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىنى تېپىۋېلىشنى قارار قىلدى. ئېرى ئۇنىڭ ئويىنى قوللىدى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن دەرھال دۇكان ئىزدەپ، مال كىرگۈزۈش يوللىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، دۇكان ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. مەھبۇبەنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرگىنى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يەنە ئۆي ئىجارىسى ۋە سۇ، توك ھەققىنى كېمەيتىپ ۋە كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنىڭ قايتىدىن ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللىدى.

بۇلتۇر 11 ـ ئايدا، مەھبۇبەنىڭ قولاي دۇكىنى تىجارەت باشلىدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنىڭ ئۇنىڭ سودىسىغا چوڭ ياردىمى بولدى. «پۇتۇڭخۇانى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، سودىدىكى شېرىكلىرىم، خېرىدارلىرىم بىلەن توسالغۇسىز پىكىرلىشەلەيدىغان بولدۇم، ناھايىتى قولايلىق بولدى.» مەھبۇبەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشنى خالىمىغاچقا، نۇرغۇن خېرىدار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالماي، نۇرغۇن سودا پۇرستىنى قولدىن بېرىپ قويغان ئىكەن. ھازىر ئۇ پۇتۇڭخۇانى ياخشى ئۆگىنىپ، كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپتۇ.

### ■ تىرىشىپ تىجارەت قىلىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش

«ياخشىمۇ سىز، جەمئىي 27 يۈەن، سىز كودنى سىكانېرلامسىز ياكى نەق پۇل تۆلەمسىز؟» 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، تېخى چۈش بولمايلا، قولاي دۇكاننىڭ تىجارەت سوممىسى 800 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، مەھبۇبەنىڭ قەلبى خۇشاللىققا تولدى، «ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى يان تېلېفونىدا پۇل تۆلەشكە ئامراق، مەنمۇ پۇل ئېلىش ئىككىلىك كودنى ئىلتىماس قىلدىم. دەۋر رىتىمىغا ئەگەشكەندىلا، سودىنى ئاندىن بارغانسېرى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ».

قولاي دۇكان يېڭى ئېچىلغان مەزگىلدە، مال تۈرلىرى تولۇق بولمىغاچقا، سودا ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، بەزى كۈنلىرى تىجارەت سوممىسى پەقەت 100 نەچچە يۈەن بولاتتى. مەھبۇبە مەيۈسلەنمىدى، ھەر كۈنى قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئەستايىدىل خاتىرىلىدى.

تاۋارنىڭ تۈرلىرى تولۇقلاندى، خېرىدارمۇ تەبىئىيلا كۆپەيدى. بۇ مەزگىلدە، سودا ياخشى ۋاقىتلاردا قولاي دۇكاننىڭ بىر كۈنلۈك تىجارەت سوممىسى 2000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. مەھبۇبەنىڭ قولاي دۇكاننىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى پىلانى بۇلا ئەمەس ئىدى، «مەن يان تېلېفون ئۈندىدار دۇكىنى ئېچىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، خېرىدارلار يان تېلېفوندا بىر چېكىپلا زاكاز قىلالايدۇ، ئۆيى يېقىن ئەتراپتىكىلەرگە مالنى ھەقسىز يەتكۈزىمەن، بۇ ھەم كۆپچىلىككە قولايلىق، ھەم دۇكاننىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىدۇ» دېدى مەھبۇبە چوت سوقۇپ.

«مەھبۇبە ھازىر پۈتۈن زېھنى بىلەن قولاي دۇكاننىڭ تىجارىتىنى ياخشى قىلىشنى ئويلاۋاتىدۇ، تىرىشىش نىشانى بولغاچقا، مىجەزى ياخشىلىنىپ ئوچۇق ـ يورۇق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولدى. بىز ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ياخشى كۆرىمىز، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئۇنى ئۆز ئەسلىگە قايتۇردى» دېدى ئابدۇرېشىت.

«ئاپا!» 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەھبۇبە سىرتقا چىقىپ ئىش بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن دەرستىن سىرتقى كۇرۇژۇككا قاتنىشىۋاتقان ئوغلىنى ئالغىلى باردى، ئوغلى خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۆيگە قايتىش يولىدا كۈلكە ـ چاقچاق ئۈزۈلمىدى.

«مەن چوقۇم قولاي دۇكىنىنى ئەستايىدىل ياخشى ئاچىمەن، مەسئۇلىيەتچان، كەسپچان ياخشى ئانا بولۇپ، بالامغا ياخشى ئۈلگە بولىمەن» دېدى مەھبۇبە كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قاراپ.